9 ـ قىسىم

# ئەر ۋە ئايال

# ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئورنى

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر

### ئەر ۋە ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدا

• خۇدا بىر ئادەم ئارقىلىق ئىنسانلارنى يارىتىدۇ. (قۇرئان 4:1)

• خۇدا ھەر بىر مەۋجۇداتنى جۈپى بىلەن يارىتىدۇ. (قۇرئان 51:49)

• ئادەم ئاتا بىلەن ئايالى گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاللا ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، زىمىنغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ. (قۇرئان 2:36 ، 7:24)

• قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىش چەكلىنىدۇ. (قۇرئان 16:59 ، 81:8،9)

• ئىسلام شەرىئىتىگە ئاساسلانغاندا، ئاياللارنىڭ پۇل، ئۆي ۋە باشقا مۈلۈكلەرگە بولغان ھوقوقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بۇ ھوقۇق ئۇلارنىڭ بويتاق ياكى توي قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلار مال-مۈلۈكنى ئېلىش، سېتىش، قەرز بېرىش، ئىجارىگە بېرىش ھوقوقىغا ئىگە.

• مەيلى ئەر ياكى ئايال مۇسۇلمان بولسۇن، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىپ، پەرزلەرنى ئادا قىلسا جەننەتكە كىرەلەيدۇ. (قۇرئان 4:124 ، 33:35 ، 3:195 ، 16:97)

### ئەر ۋە ئاياللارنىڭ باراۋەرسىزلىكى توغرىسىدا

• ئەرلەر ئاياللاردىن يۇقىرى تورىدۇ. (قۇرئان 4:34)

• ئاياللارنىڭ ئەقلى قىسقا بولىدۇ، قىلغان ئىبادىتىمۇ ئاز بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئەرلەرنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولۇپ، ھەيز مەزگىلىدە ئىبادەت قىلمايدۇ، روزىمۇ تۇتمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:304 ، 2:1951)

• ئەرلەرنىڭ ھوقوقى ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈندۇر. (قۇرئان 2:228)

• بىرەرسى ئاياللارنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، تۆلەيدىغان خۇن پۇلى ئەرلەرنىڭكىدىن يېرىم ھەسسە ئاز بولىدۇ. ئاياللارنىڭ ئالىدىغان مىراسى ئەرلەرنىڭ يېرىمچىلىك بولىدۇ. سوتتا ئاياللار بەرگەن گۇۋاھلىقنىڭ كۈچى ئەرلەرنىڭ يېرىمچىلىك بولىدۇ (يەنى ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ). بۇلاردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلامىيەتتە ئاياللارنىڭ قىممىتى ئەرلەرنىڭ يېرىمچىلىك كېلىدۇ.

• ئىككى ئايال كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ. (قۇرئان

(2:282

• ئەر مىراسخورنىڭ ئالىدىغان مىراس ئۈلۈشى، ئايال مىراسخورنىڭ ئىككى ھەسسىچىلىك بولىدۇ. (قۇرئان 11:4،176)

• دوزاقتا كىرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللاردۇر، چۈنكى ئۇلار ۋاپاغا جاپا قىلىدۇ، ئەرلىرىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا كۆز يۇمۇۋالىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:29،304 ، 2:1052،1462 ، 7:62:126 )

## قۇرئاندا ئاياللارنى مۇنداق بولۇشلار دەپ تەلىم بېرىدۇ:

• مۇسۇلمان ئاياللار ۋە قىزلار پۈركەنجە بىلەن پۈتۈن بەدىنىنى ئورىۋېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا باشقىلار ئۇلارنى تونۇۋالىدۇ، دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىمايدۇ. (قۇرئان 33:59)

• مۇسۇلمان ئاياللار ۋە قىزلار سىرتقا چىققاندا، پەسكە قاراپ مېڭىشى، بەدىنىنى يېپىشى، زىننەت بويۇملىرى كۆرۈنۈپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇلار يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ كۆكسىنى ئېتىشى، زىبۇ-زىننەتلىرىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىكى كېرەك. پەقەت ئۆزىنىڭ ئېرى، ئاتىسى، بوۋىسى، ئوغلى، ئاكا-ئىنىلىرى، جىيەن ئوغۇللىرى، ئەر قۇللىرى، جىنسى ئىقتىدارى يوق ئەر چاكارلىرى ياكى ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنى بىلمەيدىغان نارىسىدە ئوغۇللارغا كۆرسەتسە بولىدۇ. يول ماڭغاندا يەرگە قاتتىق دەسسىمەسلىكى كېرەك، بولمىسا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن زىبۇ-زىننەتلىرى جىرىڭشىپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى مۇمكىن. (قۇرئان 24:31)

### مەسىھ ئېتىقاتىدىكى تەلىملەر

## ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئورنى توغرىسىدا

• خۇدا ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن ئىنسانلارنى ياراتتى، ئۇلارنى ئەر ۋە ئايال قېلىپ ياراتتى. ئەر ۋە ئاياللار يەر يۈزىنى ئىدارە قىلىپ باشقۇرۇشتا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:27،28)

• خۇدا ئادەم ئاتىنىڭ تىنىدىن ئالغان بىر تال قوۋۇرغا بىلەن ھاۋا ئانىنى ياسايدۇ. ئۇنى كۆرگەن ئادەم ئاتا مۇنداق دەيدۇ: بۇ مىنىڭ سۆڭىكىمدىن چىققان سۆڭەك، گۆشۈمدىن چىققان گۆشتۇر، ئۇ ئايال دەپ ئاتالسۇن، چۈنكى ئۇ ئەردىن ئېلىنغان. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:22،23)

• ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەن ھەر قانداق ئادەمگە خۇدانىڭ ھەققانىيىتى ئاتا قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا ئايرىمچىلىق يوقتۇر. (رىملىقلار 3:22)

• مەيلى ئەر ياكى ئاyal بولسۇن، ھەممىسى ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كىلىدۇ. (گالاتىيالىقلار 3:28)

• خۇداغا باغلانغان يېڭى ھاياتتا، ئاياللار ئەرلەردىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەرلەرمۇ ئاياللاردىن مۇستەسنا ئەمەس. گەرچە ئايال ئەردىن يارىتىلغان بولسىمۇ، لىكىن ئەرمۇ ئايالدىن تۇغۇلىدۇ. ھەر ئىككىلىسى پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ياراتقان خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان. (كورىنتلىقلارI 11:11،12)

• مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، خۇدا ئاتا قىلغان بەخت-سائادەتتىن ئوخشاشلا بەھرىمەن بولالايدۇ. (مەتتا 10-5:3)

• مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، مۇقەددەس روھ ئۇلاردا ئوخشاشلا مىۋە بېرەلەيدۇ. (گالاتىيالىقلار 5:22)

• مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئېتىقاتتا ئوخشاشلا كۈچلۈك بولالايدۇ. (ئەفەسلىكلەر 6:10،11)

• مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، جامائەت ئىچىدە ئوخشاشلا مۇلايىم كەمتەر بولالايدۇ. (سالونىكالىقلارI 2:7)

ئەيسا مەسىھ ئەرلەرگىلا تەلىم بېرىپ قالماستىن، ئاياللارغىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلگەن:

• ئەيسا مەسىھ ئاياللارغا كۆپچىلىك بىلەن بىرگە تەلىم بەرگەندىن سىرت، ئايرىم تەربىيەمۇ قىلاتتى. (لۇقا 10:38-42 ، يۇھاننا 4:7-27 ، 11:21-27)

• ئەيسا مەسىھ ئاياللارنىڭ ئائىلە خىزمىتى قىلىپ باشقىلارنى كۈتۈش بىلەنلا مەشغۇل بولماي، تەلىم ئاڭلاش ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. (لۇقا 10:38-42 ، 11:27،28)

• ئەيسا مەسىھ تىرىلگەندىن كىيىن، ئالدى بىلەن ئايال ئېتىقاتچىلارغا ئۆزىنى ئايان قىلغان، ھەمدە ئۇلارغىمۇ ئۆزىگە گۇۋاھلىق بېرىپ خۇش خەۋەر تارقىتىشنى بۇيرىغان. (مەتتا 28:5-10 ، يۇھاننا 20:17،18)

• دەسلەپكى جامائەتچىلىكتە، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ قۇدرىتى بىلەن كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئالدىن بىشارەت قىلالايدىغان ئايال ئېتىقاتچىلارمۇ بار ئىدى. (ئەلچىلەر 2:2،3 ، 21:9)

• دەسلەپكى جامائەتچىلىكتە، ئايال ئېتىقاتچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ تەلىم بەرگۈچىلەر بار ئىدى. (ئەلچىلەر 18:26)

# توي

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر

• ئاللا ئادەم ئاتىنىڭ جۈپتىنى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش خىلدا ياراتقان (قۇرئان 4:1)؛ بۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئىشتىياق باغلىشى ئۈچۈندۇر. (قۇرئان 7:189 ، 30:21)

• توي قىلغاندا، مۇسۇلمان ئەرلەر ئاياللارنىڭ مەھرىنى (تويلۇق ھەققىنى) بېرىشى كېرەك. (قۇرئان 4:4)

• مۇسۇلمان ئەرلەر ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىدىن بىر قىسمىنى تۆلەپ، ئاياللار بىلەن بىرگە بولسا بولىدۇ. (قۇرئان 4:24)

- شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار يوقۇرقى ئايەتنى «ۋاقىتلىق نىكاھ» (مۇتئا) نىڭ قانۇنى ئاساسى قىلغان بولۇپ، ئەرلەر ئۇزۇن سەپەرگە چىققاندا، شۇ يەردىكى ئاياللار بىلەن ۋاقىتلىق نىكاھلىنىپ بىرگە تۇرۇشقا يول قويىدۇ. ئەمما بەزى مۇسۇلمانلار بۇنى پاھىشىۋازلىق قىلغان بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ.

• سىلەر ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن ئاياللاردىن ئىككى، ئۈچ ياكى تۆت خوتۇن ئالساڭلار بولىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالماسلىقتىن ئەنسىرسەڭلار، بىرلا خوتۇن ئېلىڭلار، ياكى ئايال قۇللىرىڭلاردىن قانائەتلىنىڭلار. (قۇرئان 4:3)

- بۇ ئايەتنىڭ ئۈچ خىل چۈشەندۈرلىشى بار: بىرلا خوتۇن ئېلىش كېرەك؛ گەرچە بىر خوتۇن ئالغان ياخشىراق بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تۆت خوتۇن ئالغىلى بولىدۇ؛ چەكسىز كۆپ خوتۇن ۋە توقال ئالغىلى بولىدۇ. ( چۈنكى ئايال قۇللارغا چەكلىمە قويۇلمىغان)

• سىلەر ھەرقانچە ئارزۇ قىلغان بىلەنمۇ، ئاياللىرىڭلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلالمايسىلەر. ئەمما ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن خوتۇنغىلا بېرىلىپ، باشقىلىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويماڭلار. ئەگەر ئۆزئارا كېلىشەلىسەڭلار ۋە ئۇلارنى خورلاشتىن ساقلىنالىساڭلار، ئاللا كەچۈرىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن رەھىمدىلدۇر. (قۇرئان 4:129)

- بۇ ئايەتتىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە ئايالىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما خوتۇنلىرى بىلەن كېلىشەلىسە ۋە ئۇلارنى خورلىمىسىلا، كۆپ خوتۇن ئالسا بولىۋېرىدۇ. ئاللا ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.

**مۇسۇلمان ئەرلەر ئەمرىگە ئالسا بولىدىغان ئاياللار:**

● ئەھلى كىتاپلار (مەسىھىيلەر ۋە يەھۇدىيلار) نىڭ ئاياللىرى. (قۇرئان 5:5)

● ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللار (قۇرئان 4:24)

● قۇل ئاياللار (قۇرئان 4:25 ، 33:52)

**ئەمرىگە ئېلىشقا بولمايدىغان ئاياللار:**

● ئانىسى، قىزى، ئاچا-سىڭىللىرى، هاممىسى، جيەن قىزى، ئىنىك ئانىسى، ئىمىلداش ئاچا-سىڭىللىرى، قېينى ئانىسى، ئۆگەي قىزى، كېلىنى قاتارلىقلار (قۇرئان 4:23)

● ئاچا-سىڭىلنى تەڭ ئەمرىگە ئېلىشقا بولمايدۇ. (قۇرئان 4:23)

● ئېرى بار ئاياللارنى ئەمرىگە ئېلىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللار بۇنىڭ سىرتىدا. (قۇرئان 4:24)

● مۇشرىك ئاياللارنى ئېلىشقا بولمايدۇ. (قۇرئان 2:221)

**كۆپ خوتۇنلۇق ئەرلەر ئاياللىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالامدۇ؟**

● قۇرئاندا كۆپ خوتۇنلۇق بولغان ئەركىشىنىڭ ھەممە خوتۇنىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس دېيىلگەن. (قۇرئان 4:129)

● بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمدىكى ئائىلىلەردە ئىچكى زىددىيەت ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

● ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ خوتۇنلىرى بۇ جەھەتتە مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە بولالامدۇ؟

○ مۇھەممەتنىڭ خوتۇنلىرى ئىككى گورۇھقا ئايرىلغان بولۇپ، مۇھەممەت يېشى ئەڭ كىچىك بولغان خوتۇنى ئائىشەنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى. باشقا خوتۇنلىرى بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ ئائىشەگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2466،2581)

○ ساۋدە مۇھەممەتنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىگە نۆۋەت كەلگەن كۈننى (ئېرى بىلەن بىرگە بولۇش پۇرستىنى) ئائىشەگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2593،2688 ، 7:62:139)

○ مۇھەممەت كۆيئوغلى ئەلىنى ئەبۇ جاھىلنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشتىن چەكلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قىزى پاتىمەنىڭ شۇ سەۋەپتىن ئازاپلىنىشىنى

خالىمايتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:342)

○ مۇھەممەت ھەممىدىن كىچىك خوتۇنى ئائىشەنى باشقا خوتۇنلىرىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ دىگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:55:623)

○ گەرچە مۇھەممەت ئائىشەنى ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ تۇنجى خوتۇنى خەدىچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئائىشەنىڭ خەدىچەگە بولغان كۆنلىشى باشقا ئاياللارغا بولغان كۆنلىشىدىن ئېشىپ كىتەتتى. چۈنكى ئۇ دائىم مۇھەممەتنىڭ خەدىچەنى تىلغا ئالغانلىقنى ئاڭلايتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 165، 3:59:164، 8:73:33 )

○ مۇھەممەت خوتۇنلىرىدىن 29 كۈن ئايرىلىپ كىتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ خوتۇنلىرىغا ئاچچىغى بار ئىدى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:62:119)

○ ئائىشە مۇھەممەتنىڭ باشقا خوتۇنلىرى بىلەن بىرگە بولىشىدىن قىزغىناتتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:63:193)

○ ئائىشە بىلەن ھەفسە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ مۇھەممەتكە تاقابىل تۇرۇپ باققان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:72:734)

○ ھەفسە ئائىشەدىن رەنجىپ قالغان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 9:92:406)

● بەزى مۇسۇلمانلار قۇرئان 4-سۈرە 3-ئايەتتىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويغان ئايەتنى شۇ دەۋردە نۇرغۇن جەڭ بولۇپ، كۆپلىگەن ئاياللار تۇل قالغاچقا، ئاللا شۇنداق ۋەھى قىلغان دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر راست شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا قۇرئاننى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت دىگىلى بولامدۇ؟

## مۇسۇلمان ئاياللارغا ئائىت تەلىملەر

● مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تۆت ئەرگە تىگىش ھوقوقى يوق.

● ئۇلار مۇشرىك ياكى ئەھلى كىتاپلار (يەھۇدى ۋە مەسىھيلەر) نىڭ ئەرلىرى بىلەن توي قىلسا بولمايدۇ. (قۇرئان 2:221 ، 60:10)

● تۇغۇلغان پەرزەنتلەر دادا تەرەپكە مەنسۇپ بولىدۇ.

● ئاياللار ئەرلەرنى ئۆزىگە ھەۋەس قىلغۇزىدۇ، ئۇلارنى ئېزىقتۇرىدۇ. (قۇرئان 3:14)

## مۇسۇلمان ئەرلەر ئاياللىرىغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىش كىرەك:

● گەپ ئاڭلىمايدىغان جاھىل ئاياللارغا نەسىھەت قىلىش كىرەك، ئەگەر ئۇلار خاتالىقنى تۈزەتمىسە، ئەرلىرى ئۇلار بىلەن بىللە ياتمىسا بولىدۇ، ياكى ئۇلارنى

ئۇرسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەرلىرىگە بويسۇنسا، ئۇلارنى داۋاملىق بوزەك قىلىشقا بولمايدۇ. (قۇرئان 4:34)

• ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئېتىزلىقىغا ئوخشايدۇ، ئەرلەر ئۇنىڭغا خالىغانچە ئۇرۇق تېرىسا بولىدۇ. (قۇرئان 2:223)

• ئاياللارنى مىراس قاتارىدا مەجبۇرى ئىگەللىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىپ تويلۇق مالنى قايتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ، ئەگەر ئۇلار روشەن يامان ئىشنى قىلىپ سالغان بولسا بۇنىڭ سىرتىدا. ئەرلەر ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇلارنى ياخشى كۆرمىسە، سەۋ-تاقەت قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئاللا بۇنىڭ ئىچىدە ياخشى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولىشى مۇمكى. (قۇرئان 4:19)

• ئاياللار ھەيز مەزگىلىدە ئەرلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇش كېرەك، تاكى ئۇلار پاكلانغىچە ئۇلار بىلەن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت قىلىشقا بولمايدۇ. (قۇرئان 2:222)

• سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ۋە پەرزەنتلىرىڭلار ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلاردۇر، شۇڭا ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار. (قۇرئان 64:14)

• تاماق يېگەندە ئاياللىڭلارغىمۇ تاماق بېرىڭلار، كىيىم كېيگەندە ئۇلارنىمۇ كىيىندۈرۈڭلار. ئۇيىدىن باشقا جايلاردا ئۇلارنى كاچاتلاپ ئۇرماڭلار، تىللىماڭلار. ئۇلارنى تاشلىۋەتمەڭلار. (ئىبىن ماجاخ ھەدىسلىرى، كىتابۇل ئەل نىكاھ، 1850-نومۇرلۇق ھەدىس)

• مۇسۇلمان ئەرلەر ئايال قۇللىرى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا بولىدۇ. (قۇرئان 4:3 ، 23:5،6 ، 33:50،52 ، 70:29،30 ؛ بۇخارى ھەدىسلىرى: 3:432،718،765 ، 5:459،637 ، 7:137 ، 9:506)

**مۇسۇلمان ئاياللا ئەرلىرىگە مۇنداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك:**

• ئەگەر ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى خورلىشى ياكى تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىسە، ئۇلار بىلەن يارىشىپ قىلىشى كېرەك، يارىشىپ قېلىش تېخىمۇ ياخشىدۇر. (قۇرئان 4:128)

**ئەر-ئايالنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىگە بولغان پەرقلىق مۇئامىلە:**

• ئەگەر ئايال كىشى باشقا ئەركىشى بىلەن زىنا قىلسا، تۆت ئەر كىشى گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئايالنى ئۆيگە سولاپ تاكى ئۆلگۈچە قاماپ قويۇش كېرەك. ئاللا ئۇ ئايالغا باشقا بىر يول ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن. (قۇرئان 4:15)

• ئەگەر ئەر كىشى باشقا ئايال بىلەن زىنا قىلسا، ئاياللىرى ئۇلارنى تەنقىتلىسە

بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ تۈزەلسە، ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىش كېرەك. ئاللا ھەقىقەتەن كەچۈرۈمچان ۋە رەھىمدىلدۇر. (قۇرئان 4:16)

## مەسىھ ئېتىقاتىدىكى تەلىملەر

### توي[1] - خۇدا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن، ئەر-ئايالنى بىر گەۋدە قىلىدىغان، مۇقەددەس مۇناسىۋەتتۇر، خۇدا ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ.

- خۇدا ئىرەمباغدا ئادەم ئاتىغا كۆڭۈل بۆلگەچكە، ئۇنىڭغا جۈپتىن بىرنى يارىتىپ، ئىككىسىنى قوشۇپ قويىدۇ، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى توي مۇناسىۋىتى شۇنىڭدىن بارلىققا كېلىدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:18،20،24)

- توي مۇقەددەس بولۇپ، چوقۇم ھۆرمەتلىنىپ قەدىرلىنىشى كېرەك. (مالاكى 2:15، ئىبرانىلار 13:4)

- ئەيسا مەسىھ يەر يۈزىدىكى ۋاقتىدا بىر توي مەرىكىسىگە قاتناشقان. (يۇھاننا 2:1،2)

### لايىق تاللاش توغرىسىدا:

- مەسىھىيلەر ئېتىقات قىلمىغانلار بىلەن توي قىلمايدۇ. (مىسىردىن چىقىش 35:15،16، قانۇن شەرھى 7:3،4، يەشۇئا 23:12،13، كورىنتلىقلارI 7:12-16, 39، كورىنتلىقلارII 6:14-18)

- ئەر-ئايال ئىككىيلەننىڭ ئىدىيىسى ئوخشىمىسا، بىرگە ئۆزۈن ماڭالمايدۇ. (ئامۇس 3:3)

- تەۋراتتا يېقىن تۇققانلار ئوتتۇرىسىدا توي قىلىش چەكلەنگەن. مەسىھىيلەر ھەممىدىن بۇرۇن نەۋرىگە نەۋرىنى چېتىشنى چەكلىگەن. كېيىن بۇ ئادەت غەرپ ئەللىرى ئارقىلىق دۇنياغا تارىلىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىغا ئايلانغان.

### مەسىھىيلەر توي قىلغاندا مۇنۇلارنى ئورۇنداش كېرەك:

- ئەر-ئايال ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر جان بىر تەندەك بولۇشى كېرەك (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:24، مەتتا 19:5، ماركوس 10:7)؛ دېمەك توي قىلغان ئەر-ئايال پسىخىكا، فىزولوگىيە ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇپ،

[1] توي: ئۇيغۇر تىلىدا ئەر- ئايالنىڭ قانۇنلۇق بىرلىششىنى ئىپادىلەيدىغان خاس ئاتالغۇدۇر. نىكاھ بولسا توي جەريانىدىكى بىر دىنى تەرتىپ بولۇپ، ئىككىسى باراۋەر ئوقۇم ئەمەس. قەدىمقى يەھۇدى دىنى ۋە مەسىھ ئېتىقاتىدا، توي قىلغان ئوغۇل-قىز چوقۇم خۇدانىڭ ۋە جامائەتنىڭ ئالدىدا نىكاھ ئەھدىسى تۈزىشى، دىنى خادىم ئۇلارنىڭ توي قىلغانلىقىنى جاكارلىشى ۋە بەخت تىلىشى كېرەك ئىدى، بۇ ئادەت كېيىن ئىسلام دىنىغىمۇ قۇبۇل قىلىنغان.

تۇرمۇشتا ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرالايدىغان بولىشى، ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىۋالماسلىقى كېرەك.

• ئەركىشى ئائىلىنىڭ بېشىدۇر (ئەفەسلىكلەر 5:23)، ئۇ بىر ئائىلىنى يېتەكلەيدۇ (كورىنتلىقلارI 14:35).

• ئەرلەر ئۆز ئايالىنى خۇددى ئۆزىنىڭ تېنىنى سۆيگەندەك سۆيىشى كېرەك، ئايالىنى سۆيگەنلىك ئۆزىنى سۆيگەن بىلەن باراۋەر. ئۇلاردا ئايالى ئۇچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھ بولىشى كېرەك. (ئەفەسلىكلەر 29 ـ 5:25)

• ئايالىلار ئەرلىرىگە ياردەم بېرىشى (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:18)، ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى كېرەك (ئەفەسلىكلەر 5:33).

• ئىقتىدارلىق ۋە ئەخلاقلىق ئايالىلار ئەرلىرىنىڭ بېشىدىكى تاجىدۇر (پەند ـ نەسىھەتلەر 12:4).

• ئايالىلار ئېرى بىلەن جېدەل ـ غەۋغا قىلماسلىقى (پەند ـ نەسىھەتلەر21:19)، ئەرلىرى بەرگەن ياخشى تەكلىپ ـ تەربىيىلەرنى ئاڭلىشى (تىتوس 2:4)، ئاسان ئاچچىقلانماسلىقى كېرەك (پەند ـ نەسىھەتلەر 19:11).

**مۇھەببەت دىگەن نىمە؟**

• مۇھەببەت دىگىنىمىز، ئۆزلىكىدىن ۋە شەرتسىز ھالدا بارلىقىنى بېغىشلاش، ئەمما قارشى تەرەپتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلماسلىقتۇر. (كورىنتلىقلارI 8 ـ 13:4)

• مۇھەببەت دىگىنىمىز، قارشى تەرەپنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەنپەتىدىن ۋاز كېچىش، ھەتتا قۇربانلىق بېرىشتۇر. (يۇھاننا 15:13 ، يۇھانناI 3:16)

• مەسىھىيلەر مېھىر ـ مۇھەببەتلىك بولىشى كېرەك، چۈنكى خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر ـ مۇھەببەت بولۇپ، مېھىر ـ مۇھەببەت خۇدادىن كېلىدۇ. (يۇھانناI 4:19)

**بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم ۋە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم توغرىسىدا**

• خۇدا ئىنساننى ياراتقاندىلا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمنى بېكىتكەن بولۇپ، ئۇ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى بىر جۈپ قىلىپ ياراتقان. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:24 ، تىموتىيI 3:2،12 ، تىتوس 1:6 ، كورىنتلىقلارI 7:2 ، ئەفەسلىكلەر 5:31)

• بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم دائىم زىددىيەت ۋە ماجرا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەسلىدىنلا خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 30:1 ، لاۋىيلار 18:18 ، سامۇئىلI 8 ـ 1:3)

**نىمىشقا بۇرۇنقى بەزى پەيغەمبەرلەرمۇ كۆپ خوتۇنلۇق بولغان؟**

● ئىنجىلدىكى تەلىملەرگە ئاساسلانغاندا، خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بىكىتىپ بەرگىنى ھەقىقەتەن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدۇر. ئەمما كونا ئەھدە دەۋرىدە (ئەيسا مەسىھ كىلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە) بەزى پەيغەمبەرلەر ھەقىقەتەن كۆپ خوتۇن ئالغان.

● كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش (شۇنداقلا ئاجرىشىش) ئادەمنىڭ گۇناھىدىن كىلىپ چىققان بولۇپ، ئىنسان قەلبىنىڭ قىتىپ كەتكەنلىكىدىندۇر. خۇدا بۇنىڭغا ۋاقىتلىق سەۋر قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ ئەسلىدىكى ئىرادىسى ئەمەس. (مەتتا 19:8 ، ماركوس 10:5)

● تەۋراتتىكى خاتىرىلەردىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، كۆپ خوتۇنلۇق بولغان نۇرغۇن ئائىلىلەردە دۈشمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، جىدەل-ماجىرا، ئازاپ، ئۆچمەنلىك قاتارلىق يامان ئاقىۋەتلەر كىلىپ چىققان. بۇ ئىنجىلدىكى مۇنۇ سۆزنى ئەمەلدە كۆرسەتكەن: «نىمە تىرىساڭ، شۇنى يىغىسەن» (گالاتىيالىقلار 6:7)

● يىڭى ئەھدە (ئىنجىل) دەۋرىگە كەلگەندە، مەسىھ ئىتىقاتچىلىرى خۇدادىن كەلگەن كەچۈرۈم، شەپقەت، كۈچ-قۇدرەت ۋە يىڭى ھاياتلىققا ئىرىشكەن بولۇپ، خۇدانىڭ ئەسلىدىكى ئىرادىسى بۇيىچە، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمگە ئەمەل قىلىپ ياشىشى كىرەك.

● مەيلى ئاددى ئادەم بولسۇن ياكى پەيغەمبەر بولسۇن، ھەممە ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان. خۇدا ئادىلدۇر، ئۇ ھىچكىمگە يان باسمايدۇ. تارىختىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىدىن شۇنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، ئادەم ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىتىقاتى بىلەن ھەققانى دەپ ئاتىلىدۇ.

**توي قىلىشنىڭ مەقسىتى:**

● ئەر-ئايالنىڭ جىسمانى ۋە روھى جەھەتتىن بىرلىشىپ، مۇستەقىل بىر گەۋدە بولىشى ئۈچۈندۇر. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:24)

● خۇدا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەر-ئاياللىق مۇھەببەت ئۈچۈندۇر. (پەند-نەسىھەتلەر 20-5:15 ، سۆيگۈ نەزمىسى 7-2:3 ، 7-8:5)

● ئەر-ئايال ئىككىيلەن ئۆز ئارا ھەمرا بولۇپ، خۇدانىڭ يولىدا بىرگە مىڭىش ئۈچۈن توي قىلىدۇ. (ھىكمەتلەر 12-4:10 ، ئاموس 3:3)

● ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيلەش ئۈچۈن. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 1:27،28 ، مالاكى 2:15 ، تىموتىI 5:14)

● جىنسى ئەخلاقسىز ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئىلىش ئۈچۈن. (كورىنتلىقلارI 7:2،8،9)

## بويتاقلىق توغرىسىدا

- بويتاقلىق خۇدادىن كېلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل ئىلتىپات بولۇپ، ھەممە ئادەم ئۇنداق قىلالمايدۇ. پاۋلۇس ئۇنى تەرىپلىگەن. (كورىنتلىقلارI 8،7:7)

- مەسىھ ئېتىقاتى زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان جاپا-مۇشەققەتلىك مەزگىللەردە، بويتاق يۈرگەن ئەۋزەلدۇر. (كورىنتلىقلارI 28-7:25)

- تەنھالىق بىر ئادەمنىڭ خۇدا ئۈچۈن پۈتۈن زىھنى بىلەن خىزمەت قىلالىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. (مەتتا 12،19:10 ، كورىنتلىقلارI 35-7:32)

## ئېتىقاتچى ئەر-ئايال ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت

- ئەيسا مەسىھ بىلەن جامائەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈلگە قىلىش كېرەك. (ئەفەسلىكلەر 33-5:22 ، ۋەھىلەر 9-19:7)

- ئەيسا مەسىھنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا بىر بىرسىگە بويسۇنۇش كىرەك. (ئەفەسلىكلەر 5:21)

- ئەر-ئايال سەممىمى سادىق بولىمىز دەيدىكەن، خۇدانىڭ نۇرى ئىچىدە مېڭىشى كىرەك. (يۇھاننا‏I 6،1:7)

- ئەر-ئايال بىر بىرسىنى كۆپرەك ئويلاپ، قارشى تەرەپنى خۇرسەن قىلىشقا تىرىشىش كىرەك. (كورىنتلىقلارI 34،7:33)

- ئەر-ئايال ماددى نەرسىلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولىشى، ئۆزئارا بىر بىرسىگە ئىشىنىشى كىرەك. (مەتتا 6:21)

- ئەر-ئايال ئۆزلىرىنىڭ دۇنياسىغىلا كىرۋالماي، بىرلىكتە خۇدا ۋە باشقىلار ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىشى، كىشىلەرگە ياردەم بېرىشى كىرەك. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:18 ، ئەفەسلىكلەر 16،4:15 ، ئەلچىلەر 28-18 ,4-18:1 ، رىملىقلار 5-16:3 )

- ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كىرەك. (تىموتىيI 5:8)

## ئەرلەر ئايالىغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشى كىرەك:

- ئايالىنى سۆيىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلماسلىقى، ئۇنىڭ مەنپەتىنى كۆپ ئويلىشى كىرەك. خۇددى ئەيسا مەسىھ جامائەتچىلىكنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغىنىغا ئوخشاش. (ئەفەسلىكلەر 5:25 ، كولوسىلىقلار 3:19 ، پېتروسI 3:7)

- خۇدانىڭ سۆزلىرى بىلەن ئايالىنى تەربىيىلىشى، مەدەت بېرىشى، توغرا يولغا يېتەكلىشى، ھەمدە ئۇنى ئاسرىشى ۋە ئۆزىنىڭ تىنىنى سۆيگەندەك سۆيىشى كىرەك.

(ئەفەسلىكلەر 5:22،23)

• ئايالىغا بولغان ئەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. (كورىنتلىقلارI 7:3)

• ئاياللارنىڭ ئاجىزلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا كۆپرەك كۆيۈنۈش ۋە ھۆرمەتلەش كېرەك. شۇنداق بولغاندا قىلغان دۇئالىرى توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ. (پېترۇسI 3:7)

• ئەرنىڭ تېنى ئۆزىگىلا مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى ئايالىغىمۇ تەئەللۇقتۇر. (كورىنتلىقلارI 7:4)

• ئايالىغا ھىلە-مىكىر ئىشلەتمەسلىك، زوراۋانلىق قىلماسلىق كېرەك. بولمىسا خۇداغا قىلغان ھەدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ. (مالاكى 16-2:13)

• ئايالىغا سادىق بولۇپ ئۇنى خۇشال قىلىش كېرەك. (پەند-نەسىھەتلەر 5:18)

• ئايالى بىلەن بىللە خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەك. (ھېكمەتلەر 9:9)

**ئاياللار ئېرىگە مۇنداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك:**

• ئاياللار ئۆزىنىڭ ئېرىغا بويسۇنىشى، باشباشتاقلىق قىلماسلىقى كېرەك. (ئەفەسلىكلەر 5:22 ، كولوسىلىقلار 3:18 ، پېترۇسI 3:1)

• ئۆزىنى تۇتىۋالغان، پاك-دىيانەتلىك، ئۆي ئىشلىرىغا ماھىر، مېھرىبان ۋە ئەرلىرىگە سادىق بولۇشى كېرەك. (تىتوس 2:5)

• ئېرىگە بولغان ئاياللىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. (كورىنتلىقلارI 7:3)

• ئەرلىرىنى ھۆرمەتلەش كېرەك. (ئەفەسلىكلەر 5:33)

• ئايالنىڭ تېنى ئۆزىگىلا مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى ئېرىغىمۇ تەئەللۇقتۇر. (كورىنتلىقلارI 7:4)

• ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولۇش، خۇدانى ھۆرمەتلەش، مۇلايىم ۋە تىنچ قەلبكە ئىگە بولۇش كېرەك. ئېرىدا كەمچىللىك بولغان تەغدىردىمۇ، يەنىلا شۇنداق ھالەتنى ساقلاش كېرەك. (پېترۇسI 6-3:1)

• ئادەمگە بولغان ئىنائىتى خۇداغا بولغان ئىتائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. (ئەلچىلەر 4:19)

• خۇداغا ئىخلاسمەن ئايال ئائىلىدە ئۆي ئىشلىرىغا ئىنچىكە بولۇپ، باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئېرىگە يار-يۆلەك بولىدۇ؛ سىرتتا ئىگىلىك تىكلەپ، جەمىيەتتە ئىناۋەتى بولىدۇ، ئاجىز-نامراتلارغا ياردەم قىلىدۇ. (پەند-نەسىھەتلەر 31:10-31)

## جىنسى تۇرمۇش توغرىسىدا

• ئەر-ئايال توي ئىچىدىكى جىنسى تۇرمۇشتىن ھوزۇرلانسا بولىدۇ. (پەند-نەسىھەتلەر 19-5:17)

• ئەر-ئايال ئۆز جۆرىسىنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلىشىشى كېرەك. (كورىنتلىقلارI 7:3،4)

• ئەر-ئايال ئىلاج بار ئايرىلىپ تۇرماسلىقى كېرەك. (كورىنتلىقلارI 7:5)

• ئادەمنى غەم-قايغۇ بېسىپ ئازاپلانغان چاغلاردا، جۆرىسىنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشى مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، قەلبكە تەسەللى بېرىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 24:67 ، سامۇئىلII 12:12)

## پەرزەنتلەر توغرىسىدا

• پەرزەنتلەر خۇدا ئىلتىپات قىلغان بايلىق ۋە بەختتۇر. (زەبۇر 127:3 ، 128:3،4)

• ئاتا-ئانا بىرلىكتە باللارنى تەربىيلىشى كېرەك. (تىموتىI 3:4،5)

• باللارنى بىلىملىك ۋە پاراسەتلىك قىلىپ تەربىيلەش كېرەك. (پەند-نەسىھەت 1:4)

• ھەرۋاقىت تەربىيە ۋە تەنبىھ بېرىش ئارقىلىق، باللارنى نادانلىقتىن يىراق قىلىپ، ئەقىل-پاراسەتلىك قىلىش ۋە يامان يوللاردىن توساش كېرەك. (پەند-نەسىھەت 13:24 ، 19:25 ، 22:15 ، 23:13،14 ، 29:15،17)

• باللارنى تاكى قېرىغىچە توغرا يولدا ماڭىدىغان قىلىپ تەربىيلەش كېرەك. (پەند-نەسىھەت 22:6)

• باللارغا ھە دېسىلا نەشتىرىڭلارنى سانجىپ غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىماڭلار، بولمىسا ئۇلار چۈشكۈنلىشىپ ئىرادىسىنى يوقۇتۇپ قويىشى مۇمكىن. (كولۇسىلىقلار 3:21)

• خۇدادىن كەلگەن تەلىم ۋە نەسىھەتلەر بىلەن باللارنى تەربىيلەڭلار. (ئەفەسلىكلەر 6:4)

• پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. (مىسىردىن چىقىش 20:12)

## ئېتىقاتسىز جۆرىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

• جۆرىسى ئېتىقات قىلمىغان تەغدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن توي مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. (كورىنتلىقلارI 7:12،13)

● ئۆزىنىڭ پاكلىقى بىلەن ئېتىقاتسىز جۆرىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭمۇ قۇتقۇزۇلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. (I كورىنتلىقلار 7:14، 16)

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ئەيسا مەسىھنى باشقىلارغا تونۇتۇش بۇرچى بولىدۇ، بۇ ئۆزىنىڭ جۆرىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ئەلۋەتتە. (II كورىنتلىقلار 5:18)

## رەڭگى ئۆڭگەن توي مۇناسىۋىتى

● ئەر-ئايالنىڭ توي قىلىپ بىر گەۋدە بولىشى ئەسلىدە خۇدا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان پاك ۋە گۈزەل مۇناسىۋەت بولۇپ، بىراق ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزىشى سەۋەبىدىن ئەسلىدىكى رەڭدارلىقنى يوقاتقان.

● نومۇس ۋە گۇناھ تويغۇسى پەيدا بولغان (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 3:7، 8)، قورقۇنچ-ۋەھىمە باسقان (3:10)، مەسئۇلىيەتتىن قاچقان (3:12)، ئېزىقتۇرۇلغان (3:13)، ئاياللارغا تۇغۇت ئازابى ۋە روھى كىشەن قوشۇلۇپ، ئەرلەرنىڭ باشقۇرىشى ئاستىغا چۈشكەن (3:16)، ئەرلەر تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا تارتىدىغان، تۇرمۇشنىڭ غېمىنى يەيدىغان بولغان (3:17، 19).

# ئاجرىشىش

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر

● ئەگەر ئەر-ئايالنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشسا، ئىككى تەرەپنىڭ توققانلىرىدىن ئىككى ئادەم چىقىپ ئۇلارنى ياراشتۇرسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يارىشىپ قىلىشنى خالىسا، ئاللا ئۇلارنى ئىناق قىلىدۇ. (قۇرئان 4:35)

● ئەرلەر ئايالىنى تالاق قىلماقچى بولسا، ئىددىتىنى ھىساپلاپ ئاندىن تالاق قىلىش كىرەك. ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋىتىشكە ياكى ئۆزلىرىنىڭ چىقىپ كىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر زىنا قىلغان بولسا بۇنىڭ سىرتىدا. ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كىيىن، ئۇلارنى ياخشىلىقچە ئەپقالسىمۇ ياكى ئايرىلىپ كەتسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىككى مۇسۇلمان گۇۋاھ بولۇش كىرەك. (قۇرئان 65:1، 2)

● ئەرلەر ئايالىنى تالاق قىلماقچى بولسا تۆت ئاي ساقلاش كىرەك. (قۇرئان 2:226)

● تالاق قىلىنغان ئايال ئۈچ قېتىم ھەيز كەلگىچە قايتا توي قىلىشقا بولمايدۇ (ئىددىت ئۆتىشى كىرەك). ھامىلدار بولۇپ قالغان بولسا ئېرىدىن يوشۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئەگەر ئېرى يارىشىپ قىلىشنى خالىسا، يارىشىۋالغىنى ياخشى. (قۇرئان 2:228)

• تالاقنى ئىككى قېتىم دېيىشكىلا بولىدۇ، ئۈچ قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دەۋەتسە قايتا ياراشقىلى بولمايدۇ. (قۇرئان 2:229)

• ئايالنى تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن (ئۈچ تالاقتىن كېيىن)، ئۇنىڭ بىلەن قايتا يارىشىۋېلىشقا بولمايدۇ، تاكى ئۇ ئايال باشقا بىر ئەركىشى بىلە توي قىلىپ ئاجراشقاندىن كېيىن، ئاندىن ياراشسا بولىدۇ. (قۇرئان 2:230)

• تالاق قىلىنغان ئايال ئىددەت مۇددىتى توشقاندىن كېيىن باشقىلار بىلەن توي قىلسا بولىدۇ. (قۇرئان 2:232)

• نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئايالى بىلەن تېخى بىرگە بولمىغان ۋە مەھرىنى (تويلۇق مالنى) بەرمىگەن بولسا، ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋەتسە بولىدۇ. ئەمما مۇۋاپىق نەپىقە (تۇرمۇش پۇلى) بېرىش كېرەك. (قۇرئان 2:236)

• ھەرقانداق بىر تالاق قىلىنغان ئايالغا مۇۋاپىق نەپىقە (تۇرمۇش پۇلى) بېرىلىدۇ. (قۇرئان 2:241)

• ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى تالاق قىلىش ھوقوقى بار، ئەمما ئاياللارنىڭ ئۆز ئالدىغا نىكاھتىن ئاجرىشىش ھوقوقى يوق.

**مەسىھ ئېتىقاتىدىكى ئاجرىششقا ئائىت تەلىملەر**

• ئەر-ئايالنىڭ توي قىلىپ بىرلىششى ئۆمۈرلۈك بولىدۇ، ئايرىلىپ كېتىشكە بولمايدۇ. (مەتتا 6,9-19:3 ، ماركوس 12-10:7 ، رىملىقلار 7:2،3 ، كورىنتلىقلارI 7:39)

•چۈنكى نىكاھ خۇدانىڭ ئالدىدا ۋەدە قىلىپ تۈزۈلگەن مەڭگۈلۈك ئەھدىدۇر. خۇدا ئاجرىششتىن نەپرەتلىنىدۇ. (مالاكى 16-2:14)

• خۇدانىڭ ئاجرىششقا يول قويىشى، ئىنسانلار قەلبىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىدىندۇر. (قانۇن شەرھى 4-24:1 ، مەتتا 19:7،8)

• پەقەت زىنا سەۋەبىدىنلا ئايالنى قويۋېتىشكە بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئايالنى قويۋېتىپ باشقا ئايالنى ئالغان ئادەم ۋە ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالنى ئالغان ئادەم زىنا قىلغان ھىساپلىنىدۇ. (مەتتا 5:31،32 ، 9-19:6 ، لۇقا 16:18)

• ئادەم قايتا تىرىلىپ جەننەتكە كىرگەندە نىكاھ مۇناسىۋىتى مەۋجۇد بولمايدۇ. (مەتتا 22:30 ، ماركوس 12:25 ، لۇقا 20:35)

• ئايالنى قويۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئايال باشقا ئەركىشى بىلەن توي قىلسا، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە بولمايدۇ. (يەرەميا 3:1)

# زىنا

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر

● زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن نومۇس ۋە گۇناھلىق ئىشتۇر. (قۇرئان 17:32)

● ئايالنى زىنا قىلدى دىگەن ئەر چوقۇم تۆت ئەركىشىنى گۇۋاھلىققا تارتىش كىرەك. (قۇرئان 4:15)

● ئاياللارنى زىنا قىلدى دىگۈچىلەر ئەگەر تۆت ئەركىشىنى گۇۋاھلىققا چىقىرالمىسا، ئۇلارنى 18 قامچا ئۇرۇش كىرەك، ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلماسلىق كىرەك، گۇناھىغا تۆۋە قىلغانلار بۇنىڭ سىرتىدا. (قۇرئان 5،4:24)

● ئەگەر ئەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىسا، ئاللانىڭ نامىدا تۆت قېتىم قەسەم ئىچىشى، ھەمدە بەشىنچى قېتىمدا مۇنداق دىيىشى كىرەك: «ئەگەر يالغان گەپ قىلغان بولسام، ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغايمەن». بۇ چاغدا ئايال كىشى جازادىن ساقلىنىپ قالماقچى بولسا، ئاللانىڭ نامىدا تۆت قېتىم قەسەم ئىچىشى، ھەمدە بەشىنچى قېتىمدا مۇنداق دىيىشى كىرەك: «ئەگەر ئۇنىڭ گىپى راست بولسا، مىنى ئاللا جازالىسۇن». (قۇرئان 9ـ6:24)

## زىنا قىلغانلارغا بېرىلىدىغان جازا

● زىنا قىلغان ئەر ۋە ئايالنى يۈز قامچىدىن ئۇرۇش كىرەك. بىر توپ مۇسۇلمان ئۇلارغا بېرىلگەن جازانى نازارەت قىلىشى كىرەك. زىنا قىلغان ئەر زىنا قىلغان ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا خوتۇن قىلىپ ئېلىشقا بولىدۇ. زىنا قىلغان ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغان ئاشۇ ئەرگە ياكى مۇشرىك ئەرلەرگە تەگسە بولىدۇ، باشقا مۇسۇلمان ئەرلەر بىلەن توي قىلسا بولمايدۇ. (قۇرئان 3،2:24)

● ئايالى زىنا قىلسا، ئېرى ئۇنى تاكى ئۆلگۈچە ئۆيگە سولاپ قويۇش كىرەك. (قۇرئان 4:15)

● ئېرى زىنا قىلىپ، ئەگەر گۇناھىغا تۆۋە قىلسا، ئايالى ئۇنى كەچۈرۋىتىشى كىرەك. (قۇرئان 4:16)

## مەسىھ ئېتىقاتىدىكى تەلىملەر

● زىنا دىگىنىمىز توينىڭ سىرتىدىكى جىنسى مۇناسىۋەت بولۇپ، ئېغىر گۇناھتۇر.

• زىنا قىلىشقا بولمايدۇ. (مىسىردىن چىقىش 20:14 ، لاۋىيلار 18:20 ، ئەلچىلەر 15:20،29 ، رىملىقلار 1:29 ، كورىنتلىقلارI 6:13 ، 10:8 ، كورىنتلىقلارII 12:21 ، گالاتىيالىقلار 5:19،21 ، ئەفەسلىكلەر 5:3 ، كولوسسىلىقلار 3:5،6 ، سالونىكالىقلارI 4:3،4 ، يەھۇدا 7 ، ۋەھىيلەر 9:20،21)

• جىسمانى ھاۋايى-ھەۋەسنى چەكلەش كېرەك. (پېتروسI 2:11)

• ئېرى ھايات ۋاقتىدا باشقا ئەركىشى بىلەن بىرگە بولغان ئايال پاھىشە دەپ قارىلىدۇ. (رىملىقلار 7:3)

• ھەمجىنىسلىق مۇناسىۋەت (بەچچىۋازلىق) ئېغىر گۇناھتۇر. (لاۋىيلار 18:22 ، 20:13 ، رىملىقلار 28-1:26 ، كورىنتلىقلارI 6:9،10)

• مەسىھىيلەر شەھۋانى ھەۋەسلەرگە بېرىلمەي، پاك ۋە ئىززەت-ھۆرمەتنى ساقلاپ ھايات كەچۈرىشى كېرەك. (سالونىكاI 4:4)

• يات جىنىسلارغا قارىتا شەھۋانى خىياللاردا بولماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇمۇ زىنا بىلەن باراۋەردۇر. (مەتتا 5:27،28)

• شەھۋانى ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش كېرەك. (كورىنتلىقلارI 6:18)

• باشقىلارنىڭ ئايالىغا ھەۋەس قىلماسلىق كېرەك. (مىسىردىن چىقىش 20:17)

• گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالسا، خۇدادىن كەچۈرۈم سوراش كېرەك. (زەبۇر 51:2،3 ، يۇھانناI 1:9) .

• گەرچە ئەيسا مەسىھ گۇناھلىرىمىزنى يۇغان بولسىمۇ، ئەمما قايتا گۇناھ سادىر قىلىۋىرىشكە بولمايدۇ. (يۇھاننا 8:11)

## زىنا قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى

• جىسمىمىزگە زىيان سېلىپ، خۇداغا ھاقارەت كەلتۈرىدۇ. (كورىنتلىقلار 6:18-20)

• روھىمىزنى بۇلغايدۇ. (پېتروسI 2:11)

• بىزنى خۇدا بىلەن قارشىلاشتۇرىدۇ. (ياقۇپ 4:4)

• سوراققا تارتىلىمىز (ئىبرانىلار 13:4)، خۇدانىڭ دۆلىتىنى قوبۇل قىلالمايمىز (كورىنتلىقلارI 6:9 ، گالاتىيالىقلار 21-5:19 ، ئەفەسلىكلەر 5:5)، ئەيسا مەسىھ بىلەن كۆرىشەلمەيمىز (كورىنتلىقلارI 6:9،10 ، ئىبرانىلار 12:14)

• ئۇلار ئۆز تەنلىرىدە قىلمىشلىرىغا لايىق جازا تارتىدۇ. (رىملىقلار 1:27)

• گۇناھتىن قەلبىمىز ئازاپلىنىدۇ، خاتىرجەملىكىكە ئېرىشەلمەيمىز. (زەبۇر 38:3 ، يەشايا 57:21)

## ئەرلەر ئازدۇرۇلۇشلارنى يېڭىش ئۈچۈن مۇنداق قىلىش كېرەك:

• شەيتانغا پۇرسەت قالدۇرماسلىق لازىم (ئەفەسلىكلەر 4:27). شۇڭا، ئوي-خىيالىمىزنى كونترول قىلىپ، ئاياللارغا بېرىلىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك (ئايۇپ 31:1).

• ئازدۇرغۇلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىشىمىز، ئۇلاردىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك. يامان ئىشلارغا نىسبەتەن خۇددى گۆدەك باللاردەك سەبى بولىشىمىز كېرەك. (كورىنتلىقلارI 14:20)

• چاكىنا دوست-ئاغىنىلەر بىلەن بىرگە بولۇپ، خۇپىيانە ۋە ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك، مەيدانىمىزنى ئېنىق ئىپادىلىشىمىز لازىم. (ئەفەسلىكلەر 5:11)

• دائىم ئېتىقاتچى قېرىنداشلار بىلەن بىللە دۇئا قىلىش (تىموتىII 2:22)، ئۆزئارا ياردەم قىلىش، بىر بىرىنىڭ ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈپ، ئازدۇرۇلۇشلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش (گالاتىيالىقلار 6:2)، بىربىرسىنىڭ ئالدىدا گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزئارا دۇئا قىلىشىش كېرەك (ياقۇپ 5:16).

• ئىچىمىز قۇرۇق بولۇپ قالمىسۇن (مەتتا 45-12:43)، قەلبىمىز مۇقەددەس روھ بىلەن تولۇپ، خودانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن بولغان ئاكتىپ نىشان بىلەن ياشىشىمىز كېرەك.

• گۇناھكار تەبىئىتىمىزنىڭ ھەۋەسلىرىگە ئەگەشمەي، مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلىشىگە بويسۇنىشىمىز لازىم. (رىملىقلار 8:5،6 ، گالاتىيالىقلار 5:16،17 ، پېتروسI 2:11)

قوشۇمچە: **ھەمجىنسلىقلار توغرىسىدا**

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر:

• ئىسلام دىنىدا ھەمجىنسلىق (بەچچىۋازلىق) مۇناسىۋەت قاتتىق ئەيىپلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار تەھدىت سېلىش، ئۇرۇش، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى چەكلەشكە ئۇرىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بۇ توغرىلىق ئېنىق تەلىملەر بار.

● ئاللا لۇتنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ ئۆز قوۋمىدىكىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ئاشۇنداق سەت ئىشنى قىلامسىلەر؟ ئەجىبا ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ ئەر كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلماقچىمۇ؟ سىلەر ھەقىقەتەن چەكتىن ئاشقان قوۋمدۇرسىلەر» (قۇرئان 7:80،81)؛ خۇدا سودۇملۇقلارنى (لۇتنىڭ قوۋمىنى) جازالاش ئۈچۈن قاتتىق يامغۇر ياغدۇرىدۇ (قۇرئان 7:84)؛ توپا ياغدۇرىدۇ (قۇرئان 11:82 ، 15:74)؛ بەچچىۋازلىق ئىبغىر گۇناھ بولغاچقا، ئاللا گۇناھقا پاتقان سۇدۇم شەھرىنى گۇمران قىلىۋېتىدۇ (قۇرئان 83 ـ 11:77 ، 77 ـ 15:61 ، 173 ـ 26:165 ، 58 ـ 27:54 ، 30 ـ 29:28).

● شەرىئەتنى يولغا قويغان ئىسلام ئەللىرىدە ھەمجىنىسلىقلار، خېنىم مىجەزلىك ئەرلەر ۋە ئەركەكزەدەك ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازا تۈرلىرى: ھاقارەتلەپ چەتكە قېقىش، تۈرمىگە سولاش، سۈرگۈن قىلىش، چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش، ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىش، ئېگىزدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

● مۇھەممەت خېنىم مىجەزلىك ئەرلەر ۋە ئەركەكزەدەك ئاياللارنى قارغىغان ۋە «ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىڭلار» دىگەن. مۇھەممەت ۋە ئۆمەر ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەممىنى قوغلىۋېتەتتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 8:6834 ، 7:5885،5886) مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنى تايىپ شەھرىگە ھوجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرغان چاغلاردا، مۇھەممەت ئاياللىرىغا: «خېنىم مىجەزلىك ئەرلەرنى ھەرگىز ئۆيگە كىرگۈزمەڭلار» دىگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 5:4324 ، 7:5235،5887)

● مۇھەممەت مۇنداق دىگەن: «ئەگەر باشقىلارنىڭ لۇت قوۋمىدىكىلەر قىلغان ئاشۇنداق سەت ئىشنى قىلىۋاتقىنىنى كۆرسەڭلار، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار». («ئەبۇداۋۇد ھەدىسلەر توپلىمى» 3 ـ جىلد 145 ـ بەت 4447،4448 ـ نومۇر؛ «كىتاپ مىشكات ئەل ماسابىھ» ھەدىسلەر توپلىمى 2:763 ـ بەت).

● لۇت قوۋمىدىكىلەرنىڭ سەت ئىشنى قىلغانلار قارغىشتەككۈرلەردۇر. خەلىپە ئەلى شۇنداقلاردىن ئىككى ئادەمنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتكەن، خەلىپە ئابابەكرى ئۇنداقلارنى تامغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. («كىتاپ مىشكات ئەل ماسابىھ» ھەدىسلەر توپلىمى 1:765 ـ بەت)

## مەسىھ ئېتىقادىدىكى تەلىملەر:

● مەسىھ ئېتىقادىدا ھەمجىنىسلىق مۇناسىۋەت گۇناھ دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئىنجىلدا، ھەمجىنىسلىقلار ئەگەر گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ ئەيسا مەسىھنى قۇبۇل قىلسا، ئۆزگىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ، ھەممە شۇ ئارقىلىق جەننەتكە كىرەلەيدۇ ـ دەپ كۆرسىتىلگەن.

• تەۋراتتا مۇنداق دېيىلگەن، ئەگەر ئىككى ئەر كىشى خۇددى خوتۇن كىشى بىلەن بىرگە بولغاندەك بىرگە بولسا، ئۇلارنىڭ قىلمىشى يىرگىنچلىك بولۇپ، ئۆلتۈرۈلىشى كىرەك. بۇنىڭ گۇناھى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ھىساپ. (تەۋرات-لاۋىيلار 20:13 ، 18:22)

• سۇدۇم شەھرىدىكىلەر لۇتنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ئىككى مىھماننى (پەرىشتىنى) چىقىرىپ بەر، بىز ئۇلار بىلەن كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىمىز دەپ زوراۋانلىق قىلماقچى بولغاندا، ئىككى پەرىشتە لۇتنى قۇتقۇزىۋالىدۇ... سۇدۇم ۋە گومورا دىگەن ئىككى شەھەردىكىلەرنىڭ گۇناھى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بولغاچقا، خۇدا ئاسماندىن ئوت ياغدۇرۇپ، بۇ ئىككى شەھەرنى تولپتۈز قىلىۋىتىدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19-باب، 18:20)

• ئۇلار خۇداغا ئىتائەت قىلماي، يالغان نەرسىلەرگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پەسكەش ھەۋەسلىرىگە قويۇپ بەردى. ئاياللار تەبىئى جىنسى مۇناسىۋەتنى تەبىئى بولمىغان ئوخشاش جىنسلىقلار مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇردى. ئەرلەرمۇ ئاياللار بىلەن بولىدىغان جىنسى مۇناسىۋەتنى تاشلاپ، باشقا ئەرلەرگە شەھۋانى ھەۋەسلەر بىلەن كۆيۈپ پىشىدىغان بولدى. ئەرلەر بىلەن ئەرلەر شەرمەندە جىنسى مۇناسىۋەتلەرگە كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز تەنلىرىدە قىلمىشلىرىغا لايىق جازانى تارتتى. (رىملىقلار 1:26،27)

• جىنسى گۇناھ قەلبتىن باشلىنىدۇ، ئۇنى پەقەت ئىچكى قەلبنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىقلا ساقايتقىلى بولىدۇ. ئەيسا مەسىھ زىنا قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئايالنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ (يۇھاننا 11-8:1). پاھىشە ئايالنىڭمۇ گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ تۈزەلگەندىن كىيىن جەننەتكە كىرىشكە ئىجازەت بېرىدۇ. ئۇ يىرۇسالىمدىكى چوڭ موللىلار ۋە ئاقساقاللار بىلەن ئۇچراشقاندا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قۇيايكى، ھەتتا باجگىر ۋە پاھىشە ئاياللارمۇ سىلەردىن بۇرۇن خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرىدۇ» (مەتتا 21:31). ئۇ زىياپەتكە ئۇسۇپ كىرگەن ھىلقى «گۇناھكار ئايال»غا مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھىڭىز كەچۈرۈلدى، ئىشەنچىڭىز سىزنى قۇتقۇزدى، تىنچ-ئامان قايتىڭ!» (لۇقا 50-7:48)

• ئەجىبا يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئالدىماڭلار، بارلىق جىنسى ئەخلاقسىزلىق قىلغۇچىلار، بۇتپەرەسلەر، زىناخورلار، ھەزىلەكلەر، بەچچىۋازلار، ئوغرىلار، ئاچكۆزلەر، ھاراقكەشلەر، تۆھمەتخورلار ۋە ئالدامچىلارغا خۇدانىڭ دۆلىتىدە ئورۇن يوق. بەزىلىرىڭلار بۇرۇن ئەنە شۇنداق ئىدىڭلار. لىكىن، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە خۇدانىڭ روھى ئارقىلىق گۇناھىڭلار يۇيۇلۇپ، خۇداغا ئاتالدىڭلار ۋە خۇدا تەرىپىدىن ھەققانى ئادەم دەپ جاكارلاندىڭلار (كورىنتلىقلارI 11-6:9).

• گۇناھكار ئادەملەر (ھەمجىنسلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەسلىدە خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرەلمەيتى. ئەمما گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلغاندىن كىيىن، ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىگە، شۇنداقلا ئېتىقاتچىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالىدىغان خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا تايىنىپ (مەتتا 1:18 ، 3:11 ، لۇقا 11:13 ، يۇھاننا 20:22)، ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ھەمدە خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرەلەيدۇ. بۇ تەۋراتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. (مەتتا 23:37-40 ، رىملىقلار 13:10)

• يېقىنقى دەۋرلەردە باش كۆتىرىپ چىققان ھەمجىنسلىقلار ھەركىتى توغرىسىدىكى مۇلاھىزە تۆۋەندىكى تىمىلارغا چېتىلىدۇ: ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، ئۆزگىرىش ئىمكانىيىتى، سالامەتلىك مەسىلىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قانۇن، قىممەت قارىشى، ئېتىكا-ئەخلاق، ئەركىنلىك، مەدىنىيەت، مائارىپ، جەمىيەت ۋە پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشكە بولغان تەسىرى قاتارلىقلار.

تۆۋەندىكى توربېكەتتە بۇلار توغرىلىق تېخىمۇ تەپسىلى چۈشەنچە بېرىلگەن:

www.txlyd.net